# 2020 ـ يىللىق جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى يەر شارىۋى مۇلازىمەت ـ سودا باشلىقلار يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

**(2020 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بېيجىڭ)**

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

ھۆرمەتلىك ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى،
ھۆرمەتلىك ھەرقايسى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى،
ھۆرمەتلىك ھەرقايسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ئۆمەك باشلىقلىرى،
ھەرقايسى مېھمانلار،
خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار:

كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر! 2020 ـ يىللىق جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان پەيتتە، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان توردىكى، تور سىرتىدىكى بارلىق ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن! دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كونا ـ يېڭى دوستلارغا سەمىمىي سالام يوللايمەن ۋە ئۇلارغا گۈزەل تىلەكلەرنى تىلەيمەن!

ئۆتكەن بىر نەچچە ئايدا، جۇڭگو خەلقى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش، يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن يەر شارىۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھازىر، پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا يۇقۇم تېخى ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەنمىدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش، ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتەك مۈشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگونىڭ قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇشۇنداق بىر مەيدان مۇھىم، زور خەلقئارا ئىقتىساد ـ سودا پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشى كۆپچىلىك بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، يەر شارىۋى مۇلازىمەت ـ سودىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈندۇر.

جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى مەخسۇس مۇلازىمەت ـ سودا ئۈچۈن قۇرۇلغان دۆلەت دەرىجىلىك، خەلقئارالىق، ئۇنىۋېرسال تىپتىكى زور كۆلەملىك يەرمەنكە ۋە سودا سۇپىسى بولۇپ، 2012 ـ يىلدىن باشلاپ ئالتە نۆۋەت ئۆتكۈزۈلدى. بۇ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسىدە «يەر شارىۋى مۇلازىمەت، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق بەھرىلىنىش» باش تېما قىلىندى. بۇنى پۇرسەت بىلىپ، سۇپا ۋە كۆۋرۈك بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى مۇلازىمەت ـ سودا ساھەسىدىكى يېڭى تەرەققىيات، يېڭى بوشلۇقلارنى تولۇق نامايان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىدىكى يېڭى تېخنىكا، يېڭى نەتىجىلەردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت ـ سودا ۋە سېلىنما ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشنى ئارزۇ قىلىمىز.

خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار!

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى بۇ چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى قارشى ئېقىمغا دۇچ كېلىپ، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىك كۈچىيىپ، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ، خەلقئارا سودا ۋە سېلىنما زور ھەجىمدە تارىيىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا مىسلىسىز خىرىس ۋە سىناق ئېلىپ كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى، گۈللىنىشى، رەقەملىك تېخنىكىنىڭ كۈچلۈك قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى، كەسىپلەرنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، مۇلازىمەت ئىقتىسادىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى يۇقۇم پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقالغان مەزگىلدە، يىراقتىن داۋالاش، تور مائارىپى، ھەمبەھرە سۇپا، ھەمكارلىشىپ ئىش بېجىرىش، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق مۇلازىمەتلەر كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، مۇلازىمەت كەسپىدىكى ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىق كۈنسېرى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلانماقتا.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەن ئۈچ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى خالايمەن.

بىرىنچى، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان ھەمكارلىق مۇھىتىنى ئورتاق يارىتىش كېرەك. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، دۇنيا ئىقتىسادى ئېچىۋېتىلگەندە گۈللەنگەن، بېكىنمىچىلىك قىلغاندا خارابلاشقان. مۇلازىمەت كەسپى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە يېنىك مۈلۈك، يۇمشاق مۇھىم ئامىل قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلىقتىن، ئېچىۋېتىلگەن، ئاشكارا، سىغدۇرۇشچان، كەمسىتىش يوق كەسىپ تەرەققىيات ئېكولوگىيەسىگە تېخىمۇ موھتاج، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ يۆتكىلىشىنى چەكلەيدىغان «چېگرادىكى» ۋە «چېگرا ئارقىسى»دىكى توسۇقلارنى تىرىشىپ ئازايتىپ، چېگرا ھالقىغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشقا تېخىمۇ موھتاج. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، چېگرا ھالقىغان مۇلازىمەت ـ سودا پاسسىپ تىزىملىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت ـ سودىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئېچىۋېتىش سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ بازار ئىجازىتىنى داۋاملىق قويۇۋېتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئىمپورتىنى كېڭەيتىدۇ. جۇڭگو مۇلازىمەت ـ سودا تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا پائال ماسلىشىپ، كۆپ تەرەپ، رايون قاتارلىق قاتلاملاردىكى مۇلازىمەت قائىدىسىنى ماسلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يەرشارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىككىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەمكارلىق ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئورتاق جانلاندۇرۇش كېرەك. بىز رەقەملەشكەن، تورلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، «رەقەمدىكى پەرق»نى تۈگىتىشكە ئورتاق كۈچەپ، مۇلازىمەت ـ سودىنىڭ رەقەملىشىش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو خاس مۇلازىمەت ئېكسپورت بازىسىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت ـ سودا يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ماكرولۇق سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، رەقەم ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى تېزلىتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى زورايتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد، ھەمبەھرە ئىقتىساد قاتارلىقلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ھەمكارلىق ۋەزىيىتىنى ئورتاق يارىتىش كېرەك. ئىقتىساد يەر شارىۋىلىشىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ، مەنپەئەت يۇغۇرۇلۇشى مىسلىسىز بولماقتا، ئۆزئارا سەممىي مۇئامىلىدە بولۇش، ئومۇمىيۈزلۈك مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق بەھرىلىنىش توپ تەدبىر. ھەرقايسى دۆلەتلەر مۇلازىمەت ـ سودا تەرەققىياتىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىق شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ھەمكارلىق ساھەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات مەنپەئەتىدىكى ئەڭ چوڭ ئورتاقلىق ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، «تورت»نى ئۈزلۈكسىز زورايتىشى كېرەك. جۇڭگو جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى، جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى قاتارلىق تۈرلۈك سۇپىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، سىياسەت ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ھۆكۈمەتلەر ئارا، خەلقئارا تەشكىلاتلار، سودا جەمئىيەتلىرى ھەم كارخانىلار ئارا كۆپ خىللاشقان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ ۋە يېتىلدۈرۈپ، يەر شارىۋى مۇلازىمەت ـ سودا ئىتتىپاقى قۇرۇشنى قوللاپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز شەكىللەندۈرۈپ، ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرىنى مۇلازىمەت ـ سودىنىڭ ئېشىش نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈرىدۇ.

خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار!

بېيجىڭنىڭ جۇڭگونىڭ مۇلازىمەت كەسپىنى ئېچىۋېتىشتىكى يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز بېيجىڭنىڭ دۆلەت مۇلازىمەت كەسپىنى كېڭەيتىش، ئېچىۋېتىش ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىشنى قوللاپ، ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، كۆپەيتىشكە، كېڭەيتىشكە بولىدىغان تېخىمۇ كۆپ تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىمىز؛ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، مۇلازىمەت كەسپىنى ئېچىۋېتىش، رەقەملىك ئىقتىسادنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان ئەركىن سودا سىناق رايونىنى تەسىس قىلىپ، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىدىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش سۇپىسىنى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز.

خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار!

تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىر مەزگىل بىزنىڭ جەم بولۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، بىراق مۇلازىمەت ـ سودىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، بىزنىڭ قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىشەنچىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ! بىز بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەزمۇت قەدەملىرىمىز بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ مۈشكۈل مەزگىلدىن ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى بىرلىكتە كۈتۈۋالايلى!

ئاخىرىدا، يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

كۆپچىلىككە رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا مىسلىسىز خىرىس ۋە سىناق ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشىنىڭ بارلىققا كېلىشى، گۈللىنىشى، رەقەملىك تېخنىكىنىڭ كۈچلۈك قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولدى، كەسىپلەرنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، مۇلازىمەت ئىقتىسادىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ قېتىمقى يۇقۇم پۈتۈن يەر شارىدا كەڭ تارقالغان مەزگىلدە، يىراقتىن داۋالاش، تور مائارىپى، ھەمبەھرە سۇپا، ھەمكارلىشىپ ئىش بېجىرىش، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا قاتارلىق مۇلازىمەتلەر كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، مۇلازىمەت كەسپىدىكى ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىق كۈنسېرى تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلانماقتا.

شى جىنپىڭ ئۈچ تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان ھەمكارلىق مۇھىتىنى ئورتاق يارىتىش كېرەك. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، دۇنيا ئىقتىسادى ئېچىۋېتىلگەندە گۈللەنگەن، بېكىنمىچىلىك قىلغاندا خارابلاشقان. مۇلازىمەت كەسپى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە يېنىك مۈلۈك، يۇمشاق مۇھىم ئامىل قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بولغانلىقتىن، ئېچىۋېتىلگەن، ئاشكارا، سىغدۇرۇشچان، كەمسىتىش يوق كەسىپ تەرەققىيات ئېكولوگىيەسىگە تېخىمۇ موھتاج، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ يۆتكىلىشىنى چەكلەيدىغان «چېگرادىكى» ۋە «چېگرا ئارقىسى»دىكى توسۇقلارنى تىرىشىپ ئازايتىپ، چېگرا ھالقىغان ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشقا تېخىمۇ موھتاج. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، چېگرا ھالقىغان مۇلازىمەت ـ سودا پاسسىپ تىزىملىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت ـ سودىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئېچىۋېتىش سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ بازار ئىجازىتىنى داۋاملىق قويۇۋېتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت ئىمپورتىنى كېڭەيتىدۇ. جۇڭگو مۇلازىمەت ـ سودا تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا پائال ماسلىشىپ، كۆپ تەرەپ، رايون قاتارلىق قاتلاملاردىكى مۇلازىمەت قائىدىسىنى ماسلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىشنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىككىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەمكارلىق ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئورتاق جانلاندۇرۇش كېرەك. بىز رەقەملەشكەن، تورلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، «رەقەمدىكى پەرق»نى تۈگىتىشكە ئورتاق كۈچەپ، مۇلازىمەت ـ سودىنىڭ رەقەملىشىش مۇساپىسىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. جۇڭگو خاس مۇلازىمەت ئېكسپورت بازىسىنى كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت ـ سودا يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ماكرولۇق سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، رەقەم ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى تېزلىتىپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى زورايتىپ، رەقەملىك ئىقتىساد، ھەمبەھرە ئىقتىساد قاتارلىقلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ھەمكارلىق ۋەزىيىتىنى ئورتاق يارىتىش كېرەك. ئىقتىساد يەر شارىۋىلىشىۋاتقان ئارقا كۆرۈنۈشتە، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى بىر ـ بىرىگە بېقىنىپ، مەنپەئەت يۇغۇرۇلۇشى مىسلىسىز بولماقتا، ئۆزئارا سەممىي مۇئامىلىدە بولۇش، ئومۇمىيۈزلۈك مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق بەھرىلىنىش توپ تەدبىر. ھەرقايسى دۆلەتلەر مۇلازىمەت ـ سودا تەرەققىياتىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىق شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ھەمكارلىق ساھەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات مەنپەئەتىدىكى ئەڭ چوڭ ئورتاقلىق ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، «تورت»نى ئۈزلۈكسىز زورايتىشى كېرەك. جۇڭگو جۇڭگو خەلقئارا مۇلازىمەت ـ سودا يەرمەنكىسى، جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى قاتارلىق تۈرلۈك سۇپىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، سىياسەت ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ھۆكۈمەتلەر ئارا، خەلقئارا تەشكىلاتلار، سودا جەمئىيەتلىرى ھەم كارخانىلار ئارا كۆپ خىللاشقان ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ ۋە يېتىلدۈرۈپ، يەر شارىۋى مۇلازىمەت ـ سودا ئىتتىپاقى قۇرۇشنى قوللاپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنى مۇلازىمەت ـ سودىنىڭ ئېشىش نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىلەندۈرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بېيجىڭنىڭ جۇڭگونىڭ مۇلازىمەت كەسپىنى ئېچىۋېتىشتىكى يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىز بېيجىڭنىڭ دۆلەت مۇلازىمەت كەسپىنى كېڭەيتىش، ئېچىۋېتىش ئۇنىۋېرسال ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىشنى قوللاپ، ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، كۆپەيتىشكە، كېڭەيتىشكە بولىدىغان تېخىمۇ كۆپ تەجرىبىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىمىز؛ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، مۇلازىمەت كەسپىنى ئېچىۋېتىش، رەقەملىك ئىقتىسادنى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلغان ئەركىن سودا سىناق رايونىنى تەسىس قىلىپ، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىدىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش سۇپىسىنى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى بىر مەزگىل بىزنىڭ جەم بولۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، بىراق مۇلازىمەت ـ سودىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ، بىزنىڭ قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىشەنچىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنى توسۇپ قالالمايدۇ! بىز بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەزمۇت قەدەملىرىمىز بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ مۈشكۈل مەزگىلدىن ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى بىرلىكتە كۈتۈۋالايلى!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۇقتىلىق مەيدان ـ سورۇنلار، نۇقتىلىق ئورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ مۇداپىئەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پورتلاردا سەھىيە كارانتىن قىلىش، سوغۇق زەنجىر يېمەكلىكلىرىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە ئەشيا ئوبوروتى ھالقىلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى زۆرۈر مۇداپىئەنى ياخشى ئىشلەشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، كۈز، قىش پەسلىدىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەييارلىقىنى ئىنچىكە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كۈچەيتىپ، سېلىنما تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىستېمال قىزىق نۇقتىلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈپ، ساياھەتچىلىكنىڭ زور تەرەققىياتى، تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، تېرىقچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمىگەن ئاساستا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، كەسىپنىڭ ئايلىنىشى، بازارنىڭ ئايلىنىشى، ئىقتىساد، جەمئىيەت ئايلىنىشىنىڭ راۋان بولۇش سەۋىيەسىنى سەجىل ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا ئومۇمىيۈزلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرى ۋە نامرات ئائىلىلەرگە دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ۋەزىپە ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشنى سەجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سەجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئامما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سەجىل قوغداپ بېرىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق ئاممىسى ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ياردەم بېرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىدىغان، تەرەققىيات ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىدىغان، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىيدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.